# شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ
# چىن كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى

دولقۇن ئەيسا

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا قۇرۇلغان قەشقەرىيە دۆلىتى (1864 -يىلى) شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (1933 -يىلى)، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1944 -يىلى) قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاي ئىمپىراتورلىقى ۋە روس ئىمپىراتورلىقىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ، سىياسى جەھەتتە ئالدامچىلىق قىلىشى، سېتىشى، ھەربى جەھەتتە قانلىق باستۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغاندىن كېيىن 1949 -يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قېلىشتەك ئېچىنىشلىق سىياسى تارىخىنى باشلىدى.

دۇنيانىڭ سىياسى ۋە مەدەنى تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلىك رولىلارنى ئوينىغان، ئىنسانىيەت ئالىمىگە مەدەنىيەت تارقاتقان مۇقەددەس زېمىن - شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن ئىگىسى بولغان تالەيسىز ئەمما جەڭگىۋار شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ پاك زېمىنىنى - ۋەتىنىنى مۇستەبىت، جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ناپاك تاپانلىرى بىلەن بۇلغىنىشىغا، نابۇت قىلىنىشىغا قاراپ تۇرغىنى يوق. بۇ قىسمەتلەرگە باش ئەككىنى يوق. خەلق زالىم خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى يۈزلەرچە قېتىم قوزغىلىپ، مىليونلارچە ئوغۇل - قىزلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى ۋەتەن ئۈچۈن ئاقتى.

1949 -يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندىن تا بۈگۈنگىچە ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن يېنىۋاتقان ئىنقىلاپ ئوتلىرى بىر كۈنمۇ ئۆچكىنى يوق. قىرىق بەش يىل جەريانىدا ئىككى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق قوراللىق قوزغىلاڭ ۋە سىياسى كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى.

مەن تۆۋەندە قىرىق بەش يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن كۈرەشلەر ئىچىدىكى بىر قەدەر چوڭراق بولغان بىر قانچە ئىنقىلاپ ھەققىدە توختۇلۇپ، خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇخلىدىمۇ - يوق؟ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلدىمۇ - يوق؟ قانلار تۆكۈپ قۇربان بەردىمۇ - يوق؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ئۆتىمەن.

1949 -يىلى 13 -ئۆكتەبىر كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىردى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيىسىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، خىتايلارنىڭ بېسىپ كىرىشىگە كۈچلۈك قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى، شۇ ئايدا قومۇل ئاراتۈرك ناھىيىسى ئەتراپىدىكى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق پەلۋانلار توپلىنىپ، كوممۇنىست ئەسكەرلىرىگە قارشى غازات ئېلان قىلدى ۋە ئەتراپقا خەۋەرچى ئەۋەتىپ بۇيەرگە يىغىلىپ ئۇرۇش باشلاشنى ئۇقتۇردى. 1950 -يىلى 1 -ئاينىڭ 30 -كۈنى ئاراتۈرك بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە كېڭەش باشلىقى ناسىر، ئابدۇللاھاكىم، ئەبەيدۇللاھاكىم، مامۇت، ھاپىز، سەيدۇللالارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەش يۈز نەپەر پەلۋان كېڭەش ئۆتكۈزدى ۋە «كوممۇنىزىمغا قارشى خەلق ئەتىرەتى» تەشكىلاتىنى قۇردى. شۇ كۈندىن باشلاپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇملار باشلاندى. بۇ ئۇرۇش ئىككى يىل داۋام قىلدى.

1954 -يىلى 1 -ئايدا قاليبەك باشچىلىقىدىكى ئىككى مىڭغا يېقىن غازاتچى ئۇرۇمچى تاغلىق رايونىدا توپلىنىپ، كوممۇنىستلارنى تۇسۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش پىراگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە دەرھال قارشىلىق ئۇرۇشلىرىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئۇرۇش يىل ئاخىرىغا قەدەر بولدى.

1949-يىلى 8-ئايدا ئالتاي ئەتراپىدىن چېكىنىپ بەشبالىق (گۇچۇڭ) شەھىرىگە يېتىپ
كەلگەن ئوسمان باتۇر، جانىمقان، زاكىرقان، دەلىلقان، ئورازباي موللا، شايىمەردان قاتارلىق غازاتچى
لار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى ئۈرۈمچى تەرەپكە، بىر قىسمى قومۇل بارىكۆل تەرەپكە قاراپ يولغا
چىقتى. 1950-يىلى 4-ئايدا قومۇلدىكى ئىنقىلابچىلار بىلەن ئوسمان باتۇرنىڭ مۇجاھىدلىرى
ئۇچرىشىپ، يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئىككى يىل داۋام قىلغان بۇ شانلىق
ئۇرۇشتا نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرى يوقىتىلدى. كۆپ ساندىكى جەڭچىلىرىمىز شەھىت بولدى. قوزغى
لاڭنىڭ ئاساسى رەھبەرلىرىدىن ئوسمان باتۇر-شەرقى تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى
ئەڭ مۇنەۋۋەر، قەيسەر ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ۋەتەن ئازاتلىقىغا،
مىللى مۇستەقىللىققا بېغىشلانغان شەرەپلىك ھاياتتۇر. ئۇ ئالىم شىڭشىسەي ھاكىمىيىتىگە، گومىن
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، روس كوممۇنىستلىرىغا ئاخىرىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى ئاخىر-
غىچە ئىرادىسىنى بوشاتماي، ھىلە-مىكىرلەرگە ئالدانماي، باتۇرلارچە كۆرەش قىلدى. پۈتۈن ئائىلە
بويىچە ۋەتەن يولىدا ھاياتىنى شەھىت بەردى. 1951-يىلى 2-مايدا ۋەھشى خىتاي كوممۇنىست
ھاكىمىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە خەلقنى توپلاپ ئوسمان باتۇرنى قانلىق قەتلىئام قىلدى. ئوسمان با-
تۇرنىڭ شىردىمان قاتارلىق ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇزاققىچە قوراللىق كۆ-
رەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۈرۈمچى ئەتراپىدا سىدىق، ئورازبايلار، مورى، بەشبالىق ئەتراپىدا مالىك،
تالىم، جانبۇلايلار كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ ئىلگىرلىشىنى توسۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنى
ئېلىپ باردى. كوممۇنىستلارنى قوغلاپ چىقىرىش، ئىسلامىيەتنى قوغداش مەخسەت قىلىندى.

1951-يىلى ئېلى رايونىغا مەركەزلەشكەن زىيالىلار «ئەللىك بىر چىلەر قورۇلتىيى» ئېچى-
چىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدىن مۇستەقىللىق داۋا قىلدى ھەمدە ئەسلىدىكى مىللى ئارمىيەگە
بىسىم ئىشلىتىپ قوراللىق كۆرەشكە ھازىرلىق كۆرۈشنى چاقىرىق قىلدى. بۇسەۋەپتىن بىر مۇنچە غا-
زىلار يوشۇرۇن قولغا ئېلىندى.

1953-يىلى شەرقى تۈركىستاننىڭ پۈتۈن يېزىلىرىنى قاپلىغان قوراللىق قوزغولاڭنى جاللات
ۋاڭجىننىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. نەچچە يۈز مىڭ زىيالى، دىنى زاتلار تۇتقۇن قىلىندى.
بەزى يېزىلار قارا-قۇيۇق ئوققا تۇتۇلدى. ئىككى قولى قانغا بويالغان ۋاڭجىننى خىتايلار مەركەزگە
يۆتكەپ كەتتى. بۇ جەرياندا شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ۋە خەلق پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم
رەھبەرلىرى قولغا ئېلىندى ھەمدە ئۆلتۈرۈلدى. چىڭگىز داموللام، ئەسھەد دوللا داموللام، ئابدۇلئەزىز
مەخسۇم قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن يىتەكچىلەر ئۆلتۈرۈلدى ياكى تۈرمىگە تاشلاندى.

1954-يىلى 12-ئايدا خوتەننىڭ ئاتچۇي كەنتىدىكى نىياز بەگ ھاجىنىڭ ئۆيىدە ئابلىمىت
داموللام، پەتىھدىن مەخسۇم قاتارلىقلار «تەشكىلى نجات پارتىيىسى»نىڭ قورۇلتىيىنى ئېچىپ،
1955-يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى قوراللىق قوزغولاڭ كۆتۈرۈش قارارىنى ئالدى ھەمدە ۋاقتىدا
كۆتۈرۈلۈپ، ئاتچۇي تۈرمىسىنى ئازات قىلىپ مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى. خوتەن شەھىرىنى پەتىھ قى-
لىش ھارپىسىدا خائىننىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئىنقىلاپ قانلىق باستۇرۇلدى. رەھبەرلەر ئۇزۇن
يىللارغىچە خەلق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولسىمۇ كېيىن خىتايلار تەرىپىدىن شەھىت قىلىندى.
بۇ ئىنقىلاپ گەرچە قىسقا ۋاقىت داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ جەڭگىۋار
كۆرەش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. خەلقنىڭ قەلبىدە يېنىۋاتقان ئىنقىلاپ ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى.
خەلققە ئۈمىت، ئىشەنچ بېغىشلىدى. بۇ ئىنقىلاپنىڭ سىياسى پىروگراممىسى: «قوراللىق ئىنقىلاپ
ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان جومھورىيىتى قۇرۇش» بولۇپ، شۇ نامدا ژورنال نەشىر قىلدى، «مۇس-
تەقىل شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاساسى قانۇنى»، «ياشلارغا مۇراجەت»، «بىرلەشكەن مىللەتلەر تەش-

كىلاتىغا ئەرز» قاتارلىقلارنى ئىلان قىلدى.
1956-يىلى 3-ئايدا قارىقاش ناھىيىسىدە مىر باقى داموللا بىلەن سەمەت داموللا باشچىلىقىدا
قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. سەككىز يۈزدىن ئارتۇق ئىنقىلابچى تارىم ۋادىسىدىكى خىتايلارنىڭ
قوراللىق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.
ئاخىرىدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق جەڭچىمىز قۇربان بولدى.
1956-يىلى 5-ئايدا لوپنا ناھىيىسىدە مىر مىلىك ئوچ يۈزدىن ئارتۇق ئىنقىلابچى ئابدۇقادىر
باشچىلىقىدا قوراللىق قوزغالدى.
1957-يىلى ئۈرۈمچى ئۇلانبايدىكى مىللىي ئاتلىق پولكى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىۋاتقاندا پاش بولۇپ قىلىپ، جەڭچى، ئوفىسىرلار تۇتقۇن قىلىندى. شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان مۇنەۋۋەر ئەزالىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.
1958-يىلى 9-ئايدا كۆكتوقاي، چىڭگىل، بەشبالىق ئەتراپلىرىدا جەمشىتقان، دەلىلقانلار
يېتەكچىلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى.
1958-يىلى 10-ئايدا قومۇل ناھىيىسىنىڭ تەگىرتاغ رايونىدا ئېلى قۇربان بىلەن سېيىت باشچىلىقىدا يەتتە مىڭ جەڭچى قاتناشقان قوراللىق ئىنقىلاپ پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ، ئوق-دورا، نەق پۇل غەنىمەت ئالدى. تېلېفون، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۈرمىگە ھۇجۇم قىلىپ مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى. كوممۇنىستلارنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى.
1962-يىلى خەلق پارتىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوراللىق كۆرەشى «زەنجىرسىمان تەشكىلاتنى تارمار قىلىش» ھەرىكىتىدە دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. كۆپ كىشىلەر قولغا ئېلىندى.
1969-يىلى خىتاي كوممۇنىست كۈچلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشى ۋە تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچرىغان شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى پروگراممىسى ئەڭ ئېنىق بولغان، پائالىيەتلىرى ئەڭ سىستېمىلىق، تەشكىللىك، ئىچكى-تاشقى كۈچلەر ئەڭ ماسلاشقان، ئىنقىلاپ پروگراممىسى، ستراتېگىيىلىك پىلانلىرى مۇكەممەل تەرەققىي قىلغان پارتىيە ئىدى. بۇ پارتىيە يەتمىش سەككىز ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇردى. دائىرىسى ئون ئىككى ۋىلايەت ئوبلاس، شەھەرگە يېگىرمە ئىككى ناھىيىگىچە يەتكەن بولۇپ، ئەزاسى ئاتمىش مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئىشتىراك قىلغۇچىلار ئۈچ يۈز مىڭ كىشىدىن ئاشقان ئىدى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي تايانچلىرى زىيالىيلار، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپ، ئەزالىرى ئىشچى، خىزمەتچى، دېھقان، چارۋىچى، ئاھالىلار ئىدى.
خەلق پارتىيىسى سىستېمىلاشقان ئىنقىلاپ پىراگراممىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز پائالىيەتلىرىنى كۈچلۈك قانات يايدۇردى. ئىنقىلاپ شەرت-شارائىتلىرىنى ھازىرلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1969-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنىنى چوڭ ئىنقىلاپنىڭ پارتلاش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىچكى-تاشقى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ماسلىشىش ئۇرۇش تاكتىكىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە زىچ ئالاقىلاشتى. ئەپسۇسكى، ئىچكى-تاشقى خائىنلارنىڭ ساتقۇنلىقى تۈپەيلىدىن قوزغىلۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن خىتاي كوممۇنىستلىرى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. قوماندانلىق شتاب باشچىلىرىدىن ئىمىنوپ قاتارلىق ئوتتۇز ئىككى مىڭ كىشى قولغا ئېلىندى. قەشقەر ناھىيىسىدىكى ئاخۇنوپ، مەجىت قاتارلىقلار مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، خىتاينىڭ كۈچلۈك ئارمىيىسى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى، بىرھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇشتا مۇجاھىتلار نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرىنى يوقاتقان بولسىمۇ، باش ئەگمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىغى ۋە ۋەھشىلەرچە باستۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاخۇنوپ، مەجىت قوماندانلار شېھىت بولدى. تۇتقۇن ۋە ئاختۇرۇشلار ئالتە ئاي داۋام قىلدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ھەتتا ناھىيىلەرگىمۇ ئۆلۈم جا-

زاسى بىرىش ھوقۇقى بىرىلدى. ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىدىن ئىمىنوپ باشچىلىقىدىكى ئوتتۇز كىشى
1970-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى (ئىلى، چۆچەك قىرغىنچىلىقى كۈنىگە توغرىلاپ) ئۈرۈمچىدە
ئاشكارا سوت ھۆكۈمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى دىگەن
نام ئاستىدا خەلق ئالدىدا ئېتىپ تاشلاندى. (ئىمىنوپ دوختۇرخانىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى). نۇرغۇن
مۇنەۋۋەر خىيپچىلارنى تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈردى. تالاي بىگۇناكىشىلەر ئون يىللاپ ھىچ سوراقسىز
تۈرمە لاگىرلىرىدا ياتتى. كوممۇنىستلار ئەجداتلىرىمىزنىڭ «مايمۇننى ئۆلتۈرۈپ يولۋاسنى قورقۇتۇش»
تاكتىكىسىنى ئاشكارا ئىلان قىلىپ تۇرۇپ ئىجرا قىلدى. گەرچە تارىخى پەيتنى كەتكۈزمىگەن بۇ ئىنـ
قىلاپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاپ روھىنى، ئىسـ
تىقلال غايىسىنى، تەشكىلاتچان ئەنئەنىسىنى، ئىتتىپاقلىق كۈچىنى بىر قىتىم جاكالىدى، خەلقىنىڭ قەلـ
بىدىكى ئۈمىت، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى. كوممۇنىست كۈچلەرگە خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ،
ئۇلارنى قاتتىق ئالاقزادىلىككە سالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى ھىلىمۇ ئۆز پائا
لىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

1980-يىللارغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتى يىڭى بىر
باسقۇچقا قەدەم قويدى. پارتىيە، تەشكىلاتلار ئالاھىدە يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچتى. مىللى ئازاتلىق، مىل
لى دىموگراتىك ۋە مىللى ئويغۇنۇش كۈرەشلىرى ئارقا - ئارقىدىن قانات يىيىش، رىۋاجلىنىش باسقۇ-
چىغا قەدەم قويدى. شۇ يىلى قىشتا خىتايلار تەرىپىدىن قەستەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن يازغۇچى ئابلە-
مىت مەسئۇدىنىڭ قانلىق جەسىدىنى كۆتۈرگەن غەزەپلەنگەن نەچچە مىڭ ئىشچى ئۈرۈمچى كوچىسىدا
«قانغا - قان، جانغا - جان» دەپ توۋلاپ نامايىش قىلدى. نامايىشقا ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى
قوشۇلدى، ئۇلار پارتكوم بىناسىغا قەدەر بىسىپ كەلدى. غەيرى قانۇنلۇق ئىلىپ بىرىلغان بۇ نامايىشنى
كوممۇنىستلار باستۇرۇشقا پېتىنالمىدى. خەلق ھۆكۈمەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بىقىش پۇرسىتىنى يا-
راتقان بۇ دىموگراتىك كۈرەش ئاساسقانۇنى ئۆزگەرگەنگە قەدەر داۋام قىلدى.

1981-يىلى پەيزىۋاتتا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ئىسلام پارتىيە-
سى شۆبىسىنى تەشكىللەپ، 5-ئاينىڭ 27-كۈنى ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى قىسىملىرىغا ھۇجۇم
قىلىپ نۇرغۇن ئوق، دورا غەنىمەت ئالدى. ئەپسۇسكى خائىننىڭ ساتقىنلىغى بىلەن مۇجاھىتلار قورشاۋدا
قىلىپ ئىنقىلاپ خىتايلارنىڭ قوربانىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇلاردىن باشقا 1981-يىلى قاغىلىقتا يۈز بەرگەن «ئون ئىككىنچى يانۋار ۋەقەسى»، قاغىلىق
تەكرىتاغ پارتىيىسى، 1983-يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان ياش ئۇچقۇنلار پارتىيىسى... قاتارلىق
بىر قاتار ئىنقىلاۋى تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى (خىتايلارغا مەلۇم بولمىغانلىرى تىلغا ئىلىنمىدى). بۇ-
پارتىيە، تەشكىلاتلار مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش پىروگراممىسى ئاستىدا ئۆز پائالىيەتلە-
رىنى قانات يايدۇردى. ئەجداتلىرىمىز ئىزچىل داۋام قىلىپ كىلىۋاتقان خەلق ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ سەكسەنىنچى يىللارغا
كەلگەندە، يىڭى بىر دىموگراتىك ياشلار ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. دىموگراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ
كۈچلۈك رەۋىشتە تەرەققى قىلىشى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.
1985-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى يۈز بەرگەن شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ناما-
يىش قىلىش ھەرىكىتى يىقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دىموگراتىك ھەرىكەت بولدى. بۇ ھە-
رىكەت شەرقىي تۈركىستان دىموگراتىك ھەرىكىتىنى يىڭى بىر باسقۇچقا كۆتەردى. دىموگراتىك ئىنـ
قىلاپنىڭ يىڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتى. شۇ كۈندىن بىر ھەپتىگە قەدەر ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھال
دا قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردە ئون بەش مىڭغا يىقىن ئوقۇغۇچى كوچىلارغا

چىقىپ نامايىش قىلىپ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىستىگىنى نامايەن قىلدى. بۇ قېتىمقى نامايىش
سىياسى پىراگراممىسى: شەرقى تۈركىستاندا دېموگراتىك سايلام ئېلىپ بېرىش، يادرو ئاتوم سىنىـ
غى ئېلىپ بېرىشنى توختۇتۇش، كۆچمەن كۆچۈرۈشنى چەكلەش، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنى
ھەقىقى تۈردە ئىجرا قىلدىش، مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى ئەمەلدىن قالدۇـ
رۇش، مىللى مائارىپنى ھەقىقى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىستەكلەر پۈتۈن شەرقى تۈركـ
ىستان خەلقىنىڭ، شۇنىڭدەك دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. بۇ ئىنقىلاپ ۋەتەن تۇپرىقىدا غاـ
يەت زور ئويغۇنۇش پەيدا قىلدى. شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ھاياتى ئىكەنلىگىنى، ۋەتەن داۋاسىدىن
ۋاز كەچمىگەنلىگىنى دۇنياغا جاكالىدى. بۇ دېموگراتىك ھەركەتنىڭ ئىلھامى ئارقىسىدا ھەر قايسى ئاـ
لى ئوقۇتۇرا مەكتەپلەردە، شەھەر ـ يېزىلاردا ياشلار ھەركىتى كۈچلۈك راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئارقا
ئارقىدىن بىر قانچىلىغان ئاممىۋى ۋە ئىجتىمائى تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. 1985 ـيىلى ئۈرۈمـ
چى ئۇنىۋېرسىتېتىدە قۇرۇلغان « تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى »، بەش ئالى مەكتەپـ
تە قۇرۇلغان « ئوقوغۇچىلار پەن ـ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى »، « ئىزدەنگۈچىلەر ئىلمى جەمىيتى »،
« جۇغراپىيە ئىلمى جەمىيتى » قاتارلىق تەشكىلاتلار جەمىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى كۆـ
تۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مىللەتنىڭ ئويغۇنۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى. « پەن ـ مەدەنىيەت ئويۇشـ
مىسى » ئون ئىككى شۆبە ئويۇشما ۋە بەش قىرىندىش ئويۇشما تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، سەنئەت ئۆمەكلىـ
رىنى تەشكىللەپ، تارىخى دىراممىلارنى قويۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ئورۇغىنى چاچتى.
تەتىللەردە ۋەتەننىڭ كەڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغا بېرىپ، ئېچىنىشلىق مىللى مائارىپ ئەھۋاللىرىنى،
تۇرمۇش ھالەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، سىنئالغۇ لىنتىلىرىنى ئىشلەپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بىسىم ئىشـ
لەتتى. ھەقىقى ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، ساختا تەشۋىقاتنى پاش قىلدى. جەمىيەتكە مىللەتنى خاراپـ
لاشتۇرۇشقا سەۋەپ بولىۋاتقان، زەئىپ مىللى مائارىپنى قۇتۇلدۇرۇلىش چاقىرىغىنى چىقاردى.
بۇ بىر قاتار كۆرەشلەر خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئاتوم ـ يادرو سىنىغىنى، پىلانلىق تۇغۇت قانۇنىنى،
كۆچمەن كۆچۈرۈشنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ توختۇتۇشقا، دېموگراتىيىگە، مىللى مائارىپقا يالغاندىن بولـ
سىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە مەجبۇر قىلدى. 17 ـدىكى بىر ئىنقىلاۋى دەپ ئاتالغان بۇ پائالىيەتلەردىن ئۈچ يىل ئۆتـ
تۈپ، 1988 ـيىلى 6 ـئاينىڭ 15 ـكۈنى « مىللى كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى »
ئېچىلىپ، ئىككى كۈن ئۇدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا ئۈرۈمچىدىكى تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئالى
مەكتەپ ئوقوغۇچىلىرى قاتناشتى. تويۇقسىز ئىتىلغان بۇ ۋولقان خىتاي كوممۇنىستلىرىنى پاي ـ پېتەك
قىلىۋەتتى. شەرقى تۈركىستان ياشلىرىنىڭ قەيسەر، تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى نامايەن قىلغان بۇ ئىنـ
قىلاپ دېموگراتىك كۆرەشنى يەنىمۇ بىر بالداق يوقىرى كۆتەردى. ئۇنىڭ پىراگراممىسى ئىنسان ھەقـ
لىرىنى تەلەپ قىلىش، مىللى كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش، خاراپلىشىپ كىتىۋاتقان مىللى مائا
رىپىمىزنى قوغداپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەلەپلەر گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ ھەقلىرىگە ئويغۇن بولـ
غان، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئەقەللى تەلەپلىرى بولسىمۇ، ئەمما خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە نەشتەردەك
سانجىلدى. ئۇلار قاتتىق ساراسىمگە چۈشتى. شۇڭلاشقا تەركىۋىدە قۇراللىق ساقچىلار مۇ بولغان تۆت
يۈز كىشىلىك دىكتاتورا گورۇپپىسى قۇرۇپ، جىخ ئىدارىسىدە مەخسۇس باشقارما قۇردى ۋە ھەرىكەتـ
كە يېتەكچىلىك قىلغان ئوقوغۇچىلارنى نازارەت قىلدى. سىياسى تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئوقوغۇچىلار
ھەركىتىنى چەكلەش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقوغۇچىلارنى ساقچى، دىكتاتورا ئارقىلىق ئىدارە قىلىش سىياـ
ستىنى يولغا قويۇپ، ھەر قايسى ئالى مەكتەپلەردە ناھىيە دەرىجىلىك ساقچى ئىدارىلىرىنى قۇردى. بۇ
خىل بىسىم كۈچەيگەنسىرى، دېموگراتىك ياشلار ھەركىتى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇرىۋەردى.
1989 ـيىلى 4 ـ ۋە 5 ـئايلاردا خىتايدا دېموگراتىك ھەركىتى باشلىنىشى بىلەن تەڭ شەرقى

تۈركىستان ياشلىرىنىڭ دېموكراتىك پائالىيەتلىرىمۇ كۈچلۈك قانات يېيىشقا باشلىدى. ياشلار دەرھال «ئالىي مەكتەپلەردە ھەرىكەت قىلىش ھەيئىتى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىپ «مىللىي پارلامېنت قۇرۇش»، «پىلانلىق تۇغۇتقا قارشى تۇرۇش»، «ياشىسۇن ئىسلام ئىنقىلاۋى»، «ئالىي مەكتەپلەرنى قۇراللىق ئىدارە قىلىشقا قارشى تۇرۇش» قاتارلىق يىگىرمە بىر ماددىلىق پىراگرامما تۈزۈپ چىقىپ، ھۆكۈمەتكە سۇنۇپ بۇ ماددىلارنى ئىجرا قىلىشقا قىستىدى. كۆپ قېتىم ئوچۇق ۋە مەخپىي خەت يېزىپ، مىللىي كەمسىتىش خاھىشلىرىنى پاش قىلدى.

1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «جىنسىيەت ۋە ئەنئەنە» ناملىق رېئاكسىيون كىتابقا قارشى نامايىش قوزغىدى. 19 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان كوچىغا چىقتى، سەپ كېڭىيىپ ئونمىڭدىن ئېشىپ كەتتى. مۇسۇلمان ياشلار پارتكوم، ھۆكۈمەت بىنالىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئەسلىھەلەرنى، ماشىنىلارنى پاچاقلاپ تاشلىدى. بىر قانچە قاتىل ساقچىلارنى، ئەسكەرلەرنى تۇتۇپ كىتىپ سوتلىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى قۇراللىق قىسىملىرىنى ئىشقا سىلىپ، بىر كېچىدىلا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئاممىسىنى تۇتۇپ قامىدى، قېيىن-قىستاقلارغا ئېلىپ، ۋەھشىلەرچە جازالاپ پاش قىلىشقا زورلىدى. تۇتقۇن قىلىنغانلار ئىچىدە ئونبىر ياشلىق ۋە ئون تۆت ياشلىق ئاچا-سىڭىل ئۇيغۇر قىزلىرى بولۇپ، زالىم خىتاي ئەسكەر، ساقچىلىرى بۇنارسىدە قىزلارنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ قىيناپ ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. بۇ ۋەھشىيانە باستۇرۇشلار خەلق قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز غەزەپ، قىساس پەيدا قىلدى.

1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارىن يېزىسىدىكى دېھقانلار شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ بارىن شۆبىسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەيىندىن يۇسۇپنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئۇلار دەسلەپ قورال-ياساق ياساش، جەڭ ئۈچۈن ئات سېتىۋېلىش، ئەسكىرى مەشىق قىلىش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، شۇ كۈنى ئونمىڭدەك ئادەم قولىغا مىلتىق، بومبا، كەتمەن، ئوغاق، بولقىلارنى ئېلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە باستۇرۇپ كىردى. تۆت كۈن داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇشتا خىتاي قوشۇنلىرى تەڭ كىلەلمەي، سىرتتىن نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى، زامانىۋى قۇراللانغان نەچچە يۈز مىڭ خىتاي قوشۇنىغا خىتاي دۆلەت رەھبەرلىرىدىن لى پېڭ، جاڭ زېمىنلار، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ خۇاچىڭلار قوماندانلىق قىلدى. ئىككى ئايغا يېقىن داۋاملاشقان ئۇرۇشتا خىتاي ئارمىيىسى ئىككى يۈزدەك جەڭچىمىزنى شېھىت قىلدى، يېزىدىكى بىگۇناھ ئاياللارنى، ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىمۇ قىرغىن قىلدى. نۇرغۇن قەيسەر ئىنقىلاپچىلىرىمىز ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ قەتئىي باش ئەگمىدى. خىتايلار ئۇلارنىڭ ئۈچ نەپىرىنى ئېتىپ تاشلىدى. قالغانلىرىنى مۇددەتسىز، ئون يىللىق قاماققا ئالدى. لېكىن «خىتاي كومپارتىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» تىن ئىبارەت سىياسىي پىروگراممىلىق، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلىق بۇ ئىنقىلاپ خەلقنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى، ئىشەنچىسىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە كەڭ كۆلەمدە جاكالىدى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە خەلقنىڭ جىددى ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاتتى.

دۈشمەن قانچە ۋەھشىي ۋە غالجىرلاشقان بولسىمۇ، باتۇر شەرقىي تۈركىستان خەلقى قىلچە باش ئەگكىنى يوق. خەلق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شۇئار يېزىپ چاپلاش، تەشۋىقات ۋاراقلىرى بېسىپ، تارقىتىش، جامائەت سورۇنلىرىدا ئاشكارا سۆزلەپ مىللىي ئويغىنىش ئېلىپ بېرىش، كىتاپ، ماقالا يېزىش، يوشۇرۇن ھالدا ھۆكۈمەت بىنالىرىنى، ماشىنىلىرىنى، غالچى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىنى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىلىرىنى پارتلىتىش پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى

تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىپ خىتاي فاشىستلىرىغا قارشى قىساسكار روھىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە. 1949 ـ ۋە 1987 ـ يىلى ئىچىدىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىككى يۈز قېتىملىق ئالتە يۈز پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىق ۋاراقىسى تارقىتىلغان.

بۇلاردىن باشقا سەكسەنىنچى يىللىرى يۈز بەرگەن قاغىلىق «قوتاز ۋەقەسى»، «قەشقەر ۋەقەسى»، ئاقسۇ «يولۋاس ۋەقەسى»، توقسۇ «مىچىت ۋەقەسى»، ئاتۇش «بىرىنچى ئوتتۇرا ۋەقەسى»، توقسەنىنچى يىللىرى يۈز بەرگەن قورغاس «قاتىل خىتاينى ئىزدەش ۋەقەسى»، توقسەن ئۈچىنچى يىلىدا قەشقەردە ئون يەتتە قېتىملىق چوڭ ـ كىچىك پارتلاش ۋەقەلىرى، بۇ يىل تۆتىنچى ئايدا ئۈرۈمچى سايباغ رايونى سوت مەھكىمىسىنىڭ قۇراللىرىنى بۇلاش ۋەقەسى، يەتتىنچى ئايدىكى ئاقسۇدىكى ئۈچ چوڭ پارتلاش ۋەقەسى قاتارلىقلار خەلقىمىزنىڭ خىتاي باسمىچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق يولىدىكى كۆرەشلىرىنىڭ دەلىللىرىدۇر.

ئومۇمەن جەسۇر شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىرىق بەش يىل ئىچىدە، مىللىي مۇستەقىللىقى، ھۆررىيىتى ئۈچۈن يۈزلەرچە قېتىم قۇراللىق ئىنقىلاپ ھەمدە سىياسىي كۆرەشلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئونمىڭلىغان، يۈزمىڭلىغان قەھرىمانلىرىمىز قۇربان بەردى. ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن مۇھىم شەرەپلىك سەھىپىلەرنى ئاچتى. خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۆرەشلەردە بەش يۈز يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق شېھىت بولدى.

دېمەك يۇقارقى پاكىتلار شۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇكى، خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىرىق بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىر كۈنمۇ ئۇخلاپ ياتقىنى يوق. مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلمىغان، قان تۆكمىگەن بىر كۈنى يوق. دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان خەلقىدەك ئۆز ئىستىقلالى، ھۆررىيىتى ئۈچۈن كۆپ قوزغالغان، كۆپ قۇربان بەرگەن بولسىمۇ ئۆز مۇستەقىللىقىغا، ئۆز ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمەي مەھكۇم ھالدا ياشاۋاتقان بىرمۇ مىللەت بولمىسا كېرەك.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شۇ قەدەر ئىنقىلاپلارنى قىلىپ، شۇنچىلىك قۇربانلارنى بېرىپمۇ يەنىلا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە قوزغىيالماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرى نېمىلەر؟

بۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان ئىچكى ـ تاشقى مۇرەككەپ سىياسىي ئامىللار ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئاساسلىق تۆۋەندىكى تەرەپلەر مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن:

بىرىنچى. ئىنقىلاپلارنىڭ كۆپ قىسمىغا سىستېمىلاشقان، توغرا ئىنقىلاپ نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن، چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان، مەلۇم ئىنقىلاپ تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىرەر سىياسىي تەشكىلات، پارتىيىلەرنىڭ بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلمىغانلىقى.

ئىككىنچى. ۋەتەن سىرتىغا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن چىقىپ كېتىپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دەرنەك، تەشكىلات، گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا، شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان خەلق قان بەدىلى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلەردىن خەۋەرسىز قېلىپ ئۇنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يېتەرلىك دەرىجىدە، توغرا يۆنۈلۈشتە بىلدۈرەلمىگەنلىكى، كەڭ تەشۋىق قىلالمىغانلىقى، قىسقىسى پائالىيەت ۋە تەشۋىقات كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى.

ئۈچىنچى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەنگلىز، فىرانسۇز ۋە باشقا مۇستەملىكىچىلەردەك بىر مەدەنىي مىللەت بولماي، دېموكراتىيە، ھۆرلۈك چۈشەنچىلىرى بۇ مىللەتنىڭ روھى دۇنياسىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان غەيرىي ئۇقۇم بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ تارىخى فېئودال ئۆچمەنلىكتىن باشقا ئىدىئولوگىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقى قاتارلىقلار سەۋەب بولغان.

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرىنى قانلىق باستۇرۇپلا-
قالماي بەلكى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ قاتتىق كونترول قىلىپ كەلدى.
ھەتتا بىرەر ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەنى خوشنا ۋىلايەتلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ مۇداپىئە قىلىپ،
ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، يوشۇرۇپ، يالغان خەۋەر قىلىپ كەلدى. قانلىق باستۇرۇش، دەرھال تىنجى-
تىش، ئاڭلىغان كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ تاماش ئۇسۇلى بىلەن ۋەتەندىكى ۋەقەنى ۋەتەندىكى-
لەرمۇ بىلەلمەسلىكتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. دېمەك خەلقىمىز شۇ قەدەر بەدەل تۆلەپمۇ ئۆزلە-
رىنىڭ ئىنسانىي ھەقىقىتىگە ئېرىشەلمەي، دۇنيا خەلقىنىڭ-ئىنسانلىق ئالىمىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى
جەلپ قىلالماي كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە تارىخى ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، توغرا يولۇنۇشتە، كۈچلۈك پارتىيە، تەشكىلاتلارنىڭ
ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشىدىغان شارائىتلار ھا-
زىرلانماقتا. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئازاتلىق نىشانى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە.